### بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلاردا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كورېيە زۇڭتۇڭى، ئىران زۇڭتۇڭى، ئىتالىيە زۇڭتۇڭى، ياۋروپا كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسىگە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن كورېيە ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان دوست قوشنا دۆلەت. كورېيە ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەس - بەستە جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم كۆپلەپ ياردەم بەردى، زۇڭتۇڭ ۋېن زەيىن جۇڭگونىڭ قىيىنچىلىقىنىڭ كورېيەنىڭ قىيىنچىلىقى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى كورېيە تەرەپ ھازىر دۇچ كەلگەن يۇقۇم ۋە قىيىنچىلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، كورېيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللايدۇ، كورېيە تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، بالدۇرراق يۇقۇم ئۈستىدىن ئورتاق غەلىبە قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشنى خالايدۇ. مەن جۇڭگو - كورېيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ۋېن زەيىن بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو بىلەن كورېيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئىران زۇڭتۇڭى روھانىيغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يېقىنقى مەزگىلدە ئىراندا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئىران ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ئىران ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار، ئىككى دۆلەت خەلقى ئەنئەنىۋى دوستلاردۇر. ئىران ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى سەمىمىي، دوستانە مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. ئىراننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جۇڭگو تەرەپ ئىران تەرەپكە بىر تۈركۈم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلىدى، پىدائىي سەھىيە مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. جۇڭگو تەرەپ ئىران تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ھەم داۋاملىق ئىران تەرەپكە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. ئىران ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭىدە جەزمەن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتارېللاغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يېقىنقى مەزگىلدە ئىتالىيەدە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۆزئارا قوللاش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش باشتىن - ئاخىر جۇڭگو - ئىتالىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسى. ئىتالىيە تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان مۇشۇ پەيتتە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ئىتالىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانلار تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، پەقەت ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن تۈرلۈك يەرشارىۋى خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە ئىككى دۆلەت ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەت قول تۇتۇشۇپ تىرىشىدىغانلا بولسا، چوقۇم ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، بالدۇرراق يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بىرلىكتە ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ساغلاملىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغدىيالايدۇ. بۇ يىل جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، مەن قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش داۋامىدا، جۇڭگو - ئىتالىيە ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىغا، ھەمكارلىق ماھىيەتلىك مەزمۇنىنىڭ تېخىمۇ بېيىيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ياۋروپا كېڭەشنىڭ رەئىسى مىچېل ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى فون دېلەيىنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يېقىنقى مەزگىلدە ياۋروپا ئىتتىپاقىدا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېقىندا ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەم ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەر كۆپ خىل شەكىلدە جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە قارىتا ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ، پائال ياردەم بېرىشنى، ياۋروپا تەرەپنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشىغا ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ياۋروپا تەرەپ بىلەن ئىككى تەرەپلىك ۋە خەلقئارا قاتلامدىن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، يەر شارى ۋە رايونلارنىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغداپ، ئىككى تەرەپ خەلقى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، ياۋروپا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ تۆت چوڭ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى؛ قەشقەر دۆڭچېبېك 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر شەھىرى ئىپارخان باغچىسى، قەشقەر بېيخۇ 1 - نومۇرلۇق ئولتۇراق رايونى، يەنىمبېك دەۋر مەيدانىدىن ئىبارەت تۆت تۈردە 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن كەينى - كەينىدىن ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 114كە يەتتى، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈرلەرنىڭ 47سىدە ئىش باشلاندى، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا يەنە 524 تۈردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانلاندى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 47 نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىدە 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىش پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇلار دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، كاپالەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى، قاتناش، ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، سانائەت سودا ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، خوتەن يورۇڭقاش سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشى، نىيە ناھىيەسىدىكى نىيە سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشى، كېرىيە ئايرودرومى، خوتەندىن چاقىلىققىچە بولغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن ئونىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاي ئاخىرىدىن بۇرۇن قالغان 47 تۈردە ئىش پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

قاراماي شەھىرىنىڭ 47 نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىدە بىردەك 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىشنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بۇ يىللىق نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 129 بولۇپ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئالتىسىدە ئىش باشلاندى؛ قۇمۇل شەھىرىنىڭ نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 13 بولۇپ، يىللىق پىلان بويىچە 7مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 53 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۆت ئون؛ تۇرپان شەھىرىنىڭ نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 19؛ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 28؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 130 بولۇپ، قۇلىستاي ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 29 …

ھەرقايسى جايلار نۇقتىلىق تۈرلەرگە قوماندانلىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىنى ھەپتىگىچە ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۈنگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، ئىش مۇددىتىنى تەتۈر سىگە تىزىپ، جەدۋەل تۈزۈپ ئالغا سىلجىتىدۇ. تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، خادىملارنىڭ شىنجاڭغا قايتىش، ئىش ئورنىغا قايتىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتىنى، ماددىي ئەشيا، ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەشنى راۋانلاشتۇرۇپ، تۈر قۇرۇلۇشى مۇھىم ئامىللىرىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشنى تېزلىتىش، قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۇل ئەسلىھە، كەسىپلەر تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك كەمتۈكلۈك، شۇنداقلا بۇنىڭدا ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچ بار، مەبلەغ سېلىشنىڭ تۈرتكىلىك ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېششىنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېششىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياخشى پايدىلىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ «كۆزنەك مەزگىلى»نى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلەردە ئىشنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يېڭى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدە ئىش باشلاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك تۈرلەرنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، زاپاس ساقلاپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سېلىشى، زاپاس كۈچنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ، تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار، مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ چىقىپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى مەسئۇل بولغان نۇقتىلىق تۈرلەرگە قوماندانلىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش مۇددىتىنى تەتۈر سىگە تىزىپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىشنى 100% ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەت مىقدارىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈرلەرنىڭ تېزدىن جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، قۇرۇلۇش باشلاشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى ئۇنىۋېرسال باھالاپ تەھلىل قىلىپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاپ، قانداق مەسىلە گەۋدىلىك بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، تۈرلۈك چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈرلەردە ئىش باشلاش شارائىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلەرنى تەستىقلاش ۋە خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىشنى تېزلىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشنىڭ جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىش باشلاش ۋاقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، 3 - ئايدىن باشلاپ ھەر ئايدا ئىش باشلىغان تۈرلەرنىڭ بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۈر زاپىسىنى رەتلەپ، پىلانلاپ، دۆلەت ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى، نۇقتىلىق خىزمىتى، مۇھىم تەدبىرلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، سۇچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، خەۋەرلىشىش، سەھىيە، مائارىپ، شەھەر ئاممىۋى مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى چىڭ كۆزلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پائال پىلانلاپ، «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش»تەك ياخشى ئايلىنىشنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەپ، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە تۈر قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. سىياسەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈر قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ پۇختا تۇتۇپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاۋ جىڭ، رىن خۇا، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خېيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ نامرات رايونلارغا مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرى، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشى، ئىش ئورنىنى كېڭەيتىشى، نامراتلارنى يېتەكلەش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈشىگە مەدەت بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مەتتۇردى مەتسايىم، مەممەت مەتتوختى، گۈلنىساخان ئايۇپ، نىساخان سىدىق قاتارلىق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، تۇرالغۇ، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، كىرىم مەنبەسى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى، داۋالىنىش كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سوراپ، كۆپچىلىكنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

چېن چۈەنگو مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغان، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا قەدەم قويدى، قانچە ھالقىلىق پەيتكە كەلگەنسېرى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسنى شۇنچە ئېنىق تونۇش كېرەك، بوشىشىپ كېتىشكە، بوشاڭلىق قىلىشقا، زېھنىنى باشقا ياققا بۇراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. «تۆت ئاڭ»نى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەي، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەي، كىرىچنى چىڭىتىپ، غەيرەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. نىشان، ئۆلچەمنى چىڭ كۆزلەپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم ئالدىراقسانلىق، قارامىلىق قىلماي، ھەم پاسسىپلىق، سۆرەلمىلىك قىلماي، ھەم ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەي، ھەم كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەي، دىققەت نۇقتىسىنى چېچىۋەتمەسلىك، نىشان مەركىزىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىر كەنتنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىر ئادەمنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. بىرىنچى سەپكە بېرىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيەلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ كەنتلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، كادىرلارنىڭ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە ئېلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، كەنتلەرگە بېرىپ ئائىلىلەرگە كىرىپ، نامراتلارنى زىيارەت قىلىپ، قىيىنچىلىقنى سوراپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى قەتئىي يېڭىش كېرەك. دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش بايلىقىنىڭ نامرات كەنت ۋە نامرات ئائىلىلەرگە يەنىمۇ يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىغىچە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالدىن سىگنال بېرىش، كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇپ، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭىدىن نامرات نوپۇس كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن چېكىنگەن نامرات ناھىيە، نامرات كەنت، نامرات نوپۇسلارغا قارىتا قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سان - سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەتئىي توسۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.